يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# يۇقۇمغا قارشى جەڭدە نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشسەك، تۆلىگەن بارلىق بەدەللىرىمىز ئەرزىيدۇ

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەڭ مەيدانىدا مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى ياك

ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىسمەن رايون، ناھىيەلەرنىڭ يۇقۇم خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى يۇقىرى، ئوتتۇرا ھال خەۋپ ـ خەتەردىن تۆۋەن خەۋپ ـ خەتەرگە تەڭشەلدى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ كېڭەيدى، بۇنداق نەتىجە ـ ئۈنۈم ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ مەيدان كۆرەشتە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى باتۇرلۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «دۆلەت ئۈچۈن بۇرچنى ئادا قىلىش، خەلق ئۈچۈن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش»تەك قىزغىنلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى شەرھلىدى.

ھەرقايسى تارماقلارنىڭ دېزىنفېكسىيە قىلىشى، ئايرىشى، مۇداپىئەلىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش لايىھەسىنى رەتلەش... 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سائەت 14تىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، چۈشكىچە ئالدىراش ئۆتكەن شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسى نەنمېن شۆبە دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى يۈ مېينىڭ ئازراق ئارام ئالىدىغانغا ۋاقتى چىقتى. ئۇ بېلىنى تۇتقىنچە ئاستا ئولتۇردى، «بەل ئاغرىقىم قوزغىلىپ قالدى، كونا كېسەل».

بۇ قېتىم يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، دوختۇرخانا نوكلېئىك كىسلاتاسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۈ مېي 250 دوختۇر ـ سېستىرانى باشلاپ، ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى نەچچە ئون تەكشۈرۈش نۇقتىسىدا ئالدىراش يۈردى. نەق مەيداننى سەييارە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش، مۇداپىئە بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، تاشلاندۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش، سىناق دورىسى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تەڭشەپ تەقسىملەش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئەھۋالغا قاراپ خادىملارنىڭ نۆۋەت بىلەن ئالمىشىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش... «بەزىدە بىر كۈندە نۇرغۇن تەكشۈرۈش نۇقتىلىرىغا بارىمەن، ئالدىراشچىلىقتا باشقا ئىشلارنى ئويلاشقۇدەك ۋاقتىم چىقمايدۇ» دېدى ئۇ.

يۇقۇم تويۇقسىز يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئانا ـ بالىلار ساقلىقنى ساقلاش دوختۇرخانىسى) پۈتۈن كۈچى بىلەن ھامىلدارلار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنى قوبۇل قىلىپ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا قىلىپ تەڭشەلدى. كېسەلخانىنى بوشىتىش، ئايرىپ دىياگنوز قويۇش ـ كېسەل كۆرۈش، ئاغرىقلارنى يۆتكەپ توشۇش، ئاغرىقلارنى قوبۇل قىلىپ داۋالاش، ماددىي ئەشيالارنى تەڭشەپ تەقسىملەش، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش... دوختۇرخانا باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى دىڭ گۈيفېڭ پۈتۈن دوختۇرخانىنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى تېببىي خادىملار بىلەن بىرلىكتە ھەربىر ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ، ئانىلار، بوۋاقلارنىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلدى. «مەن تېببىي خىزمەتچى، تۆلىگەن بارلىق بەدەللىرىم ئەرزىيدۇ!» دېدى دىڭ گۈيفېڭ.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشقا نۇقتىلىق كاپالەتلىك قىلىدىغان كارخانا بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭدا كارخانا گۇرۇھى شىنجاڭ جۇڭدا جيارۇي سانائەت ـ سودا چەكلىك شىركىتى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىسپىرت ۋە 84 دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىركەتنىڭ باش مۇدىرى خەن فۇشىڭ شىركەتنىڭ 60تىن ئارتۇق خىزمەتچىسىنى يېتەكلەپ ئىشلەپچىقىرىش بىرىنچى سېپىدە كېچە ـ كۈندۈز كۆرەش قىلدى. ھەر كۈنى ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەمدىكى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىسپىرت ۋە 84 دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقىدىن 20 نەچچە توننا ئىشلەپچىقىرىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، شىركەت يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ تىيانشان رايونى، سايباغ رايونى، ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا 140 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى دېزىنفېكسىيەلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىئانە قىلدى.

خەيخۇڭ خەلقئارا يېمەكلىك ئەشيا ئوبوروتى پورتى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئەڭ چوڭ توپلانغان يېمەكلىكلەرنى توپ سېتىش بازىرى، يېمەكلىك تەمىناتىنىڭ تولۇق بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، شۇنداقلا يېمەك ـ ئىچمەك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، خەيخۇڭ خەلقئارا يېمەكلىك ئەشيا ئوبوروتى پورتىنىڭ باش دىرېكتورى يەن لىنلۇڭ ھەر كۈنى كۈندە تەرتىپىنى سەھەردىن كەچكىچە تولۇق ئورۇنلاشتۇردى. «بىز بازارغا كىرىدىغان بارلىق ئاپتوموبىل ۋە خادىملارنى تەكشۈرىمىز ۋە دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، مەھسۇلاتلارنى ئايرىلاپ تەكشۈرىمىز، ھازىرغىچە 4000دىن ئارتۇق تۈركۈم قېتىمدىكى مەھسۇلاتنى ئايرىلاپ تەكشۈرۈشنى تاماملاپ، قەتئىي تۈردە يېمەكلىك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق».

8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سائەت 15تە، ئۈرۈمچى شەھىرى مىدۇڭ رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى جياخې ۋەنشىشىن سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى سۈن جېن چۈشلۈك تاماق يېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەمەي، كومپيۇتېر ئالدىدا ھەرقايسى مەھەللىلەر يوللىغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئىستاتىستىكا قىلىپ، سېتىۋېلىش ۋە تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇردى. «تاماقنى كېيىنرەك يېسەممۇ ھېچقىسى يوق، ئاۋۋال بۇ خىزمەتلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرسام، ئاھالىلەر ياخشى يەپ، ياخشى ئىچەلەيدۇ.» بۇ شىركەت مىدۇڭ رايوندىكى مېۋە ـ چېۋە، ئاشلىق، ياغ، كۆكتات توپ سېتىش كارخانىسى بولۇپ، «كۆپچىلىكنى ياخشى يېيىش، ياخشى ئىچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش» سۈن جېننىڭ قەلبىدىكى چوڭ ئىش. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ شىركەت بازارنى 3000 توننىدىن ئارتۇق كۆكتات، ئاشلىق، ياغ قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەپ، ئاھالىلەرنىڭ «كۆك ـ تاق»ىغا پۈتۈن كۈچى بىلەن كاپالەتلىك قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مەھەللە پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىگە قاتناشقاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ جۇجىن ئادۋوكاتلىق ئورنىنىڭ مۇدىرى دوۋ گاڭگۈي مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى: «يۇقۇم ئالدىدا چەتتە قاراپ تۇرغۇچى يوق، پىدائىي بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن.» بۇ قېتىم، ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان، يازلىق تەتىلدە ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن ئوغلىنى ئېلىپ بىرلىكتە پىدائىيلار قوشۇنىغا قوشۇلدى. بۇ «ئاتا ـ بالا ئەسكەر» بىر ـ بىرىگە مەدەت بېرىپ، بىرلىكتە تىرىشتى، ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرنى تەسىرلەندۈردى. ئاھالىلەرگە تۈرلۈك تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى، ئەخلەتلەرنى تازىلاپ توشۇدى، تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، دورا يەتكۈزۈپ بەردى... «كىيىملىرىم كۈندە ئۈچ ـ تۆت قېتىم تەردە چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كېتىدۇ، بەزىدە ئۆيگە قايتقاندا، دۈمبەمدە تەر داغلىرىدىن ‹خەرىتە› شەكىللەنگەنلىكىنى كۆرىمەن».

ئۈرۈمچى شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى چېن ئەيجۈن بىلەن خوتۇنى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا «ئەر ـ خوتۇن سەپداش» بولدى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، چېن ئەيجۈن ئولتۇراق رايوندا پىدائىي بولدى. يېرىم ئايدىن بۇيان، ئادەتتىكى چاغلاردا كۆكتات بازىرىغا ئاز بارىدىغان ئۇ كۆكتات سېتىۋېلىش ماھىرىغا ئايلاندى، «خىزمەت يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشناڭ ئەلا دەيدىغان گەپ بار، قوشنىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغانلىقىمدىن خۇشالمەن.» يېقىندا، ئىدارىنىڭ خىزمىتى ئالدىراش بولۇپ، ئۆيدە ئىشلەشكە توغرا كەلگەچكە، خوتۇنى چېن ئەيجۈننىڭ ئورنىدا پىدائىي بولدى. «يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە، ھەممە ئادەم بىر ئۈلۈش كۈچ قوشۇشى كېرەك» دېدى ئۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەڭ ئېتىبار بېرىش ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش ياخشى پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى قەتئىي تاماملىشى كېرەك.

ئىش ۋۇجۇدقا چىقمىغۇچە بەل قويۇۋەتمەسلىك كېرەك. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنىڭ پائال ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ھالىتى يەنىمۇ كېڭىيىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۈنۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى، بىراق يۇقۇمنىڭ قايتا كۆرۈلۈش خەۋپ ـ خەتىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. بىز ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچان بولۇپ، قىلچە بوشاشماي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ھېسابلاپ كۆرسەك، بۇ يىلنىڭ ئاران ئۈچتىن بىر قىسىم ۋاقتى قالدى، تۈرلۈك ۋەزىپىلەر مۈشكۈل ۋە ئېغىر، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى جەزمەن ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش كېرەك. ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، جەمئىيەت مۇقىملىقى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئامالىنىڭ بارىچە ياخشى تۇتۇپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ سىجىل ساغلام، تەكشى، مۇقىم ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىش، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئەڭ ئېتىبار بېرىپ، كىرىزىسنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك، شۇنداق قىلساقلا، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت چوڭ سىناقتا لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا تارىخىي مەسئۇلىيەتچانلىقىمىزنى نامايان قىلالايمىز.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

---



► 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) كۆكتات بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىلىرى ئاقىل سۇپىسىنى باشقۇرۇش مەركىزىدىكى خىزمەتچى خادىملار توردا شۇ كۈنلۈك كۆكتاتلارنىڭ باھاسىنى تەكشۈرمەكتە.

▼ 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، لۈگۈ مەھەللىسى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىك بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىدىكى خىزمەتچى خادىم ئاھالىلەر ئۈچۈن كۆكتات تەقسىملىمەكتە.



## ئاقىل سۇپا «كۆك ـ تاق»قا كاپالەتلىك قىلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جوۋ پېڭ، لياڭ لىخۇا فوتوسى، خەۋىرى

«ئاقىل سۇپىدا ھەر كۈنى ئەتىگەندە شۇ كۈندىكى ئەڭ يېڭى كۆكتات باھاسى يېڭىلىنىدۇ، قولدا مەشغۇلات قىلىپ باھانى تەكشۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، بەك قولايلىق.» 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى) يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريول تەۋەلىك رايونى لۈگۈ مەھەللىسى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىنىڭ دۇكان باشلىقى شىي جيايى كۆكتاتنى ئېلېكترونلۇق تارازىغا سېلىۋېدى، تارازىغا ئۇلانغان ئېكراندا تۈرلۈك كۆكتاتلارنىڭ ئەڭ يېڭى باھاسى ئېنىق كۆرۈندى. شىي جيايى مۇنداق دېدى: ئاقىل سۇپىدا يەنە ھەر كۈنى قانچىلىك كۆكتات سېتىلغانلىقى، قايسى كۆكتاتلارنىڭ ياخشى سېتىلغانلىقىنى ئىستاتىستىكا قىلغىلى بولىدۇ، بۇ ئۇچۇرلارغا ئاساسەن كۆكتاتنى قاراتمىلىق سېتىۋالىمىز.

ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى) كۆكتات بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىلىرى ئاقىل سۇپىسىنى باشقۇرۇش مەركىزىدە، رايونلۇق سودا ئىدارىسى(ئاشلىق ئىدارىسى) ئۇنىۋېرسال بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى جاڭ يادۇڭ مۇنداق دېدى: «ئاقىل سۇپا نۆۋەتتە 58 كۆكتات بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىنى قاپلىدى، ھەر كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئىدارىسى (ئاشلىق ئىدارىسى) كۆكتات چەكلىمە باھاسىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بىز 60 خىل چەكلىمە باھالىق كۆكتاتنىڭ باھاسىنى سۇپىغا كىرگۈزىمىز، كۆكتات بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىلىرى باھانى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بۇ ئارقىلىق چەكلىمە باھادىن ئاشۇرۇپ سېتىش ئەھۋاللىرىنى تۈگەتتۇق.» ئېيتىلىشىچە، ئاقىل سۇپىدا يەنە چوڭ سانلىق مەلۇمات ئانالىزى قىلىپ، كۆكتاتلارنىڭ تەمىنلىنىش ـ سېتىلىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەپ، ئاھالىلەرنى ئېتىبار باھالىق كۆكتات، ئىشەنچلىك كۆكتات سېتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدىكەن.

سۈرەتلىك ھېكايە

---

يۇقۇمغا قارشى جەڭ ھېكايىسى

### پىدائىي چېن لۇ:

## «ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە بۇ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرىمەن»

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سائەت 12دە، چۈشتىن بۇرۇنقى خىزمەت ئاخىرلاشتى، چېن لۇنىڭ ئاخىر دەمئېلىپ ئىشكى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا بىردەم ئولتۇرۇشقا ۋاقتى چىقتى. ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى) قەشقەر شەرقىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى جىڭجياڭ يولى مەھەللىسىدىكى پىدائىي بولۇش سۈپىتى بىلەن، چېن لۇ ئىش ئورنىدا 34 كۈن چىڭ تۇرۇپ ئىشلىدى.

ئەمدىلا ئولتۇرۇشىغا، چېن لۇنىڭ تېلېفونى سايرىدى. «تونۇگۈن تىزىملاتقان خالتىلىق كۆكتات ئولتۇراق رايونىغا قاچان كېلىدۇ؟» دەپ سورىدى بىر ئاھالە. خالتىلىق كۆكتاتنىڭ كېلىدىغان ئېنىق ۋاقتىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، چېن لۇ دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇردى. تېلېفون خاتىرىسىدىن چېن لۇنىڭ شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇنلا، 20 نەچچە تېلېفون قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

2019 ـ يىلى ئارمىيەدىن چېكىنگەندىن كېيىن، گەرچە ھەربىي فورمىنى سېلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چېن لۇنىڭ ھەربىيلەرگە خاس خىسلىتى قىلچە ئۆزگەرمىدى. بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، مەھەللىنىڭ ئادەم كۈچىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇ تېزدىن تىزىملاتتى ھەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن: «مېنى ۋەزىپە ئېغىر جايغا ئەۋەتىڭلار!» دەپ تەلەپ قىلدى.

چېن لۇ مۇلازىمەت قىلىدىغان دەزيۈەندە ياشانغانلار ۋە بالىلار كۆپرەك ئىدى. «بىنادا ياشانغان بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇن بار ئىدى، چېن لۇ خالتىلىق كۆكتات يەتكۈزۈپ بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ياڭيۇ، سەۋزە قاتارلىق تۈگۈنەك يىلتىزتۈرىدىكى كۆكتاتلارنى يېيىشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بايقاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ھەر قېتىم ئۇلارغا ياخشى كۆرىدىغان كۆكتاتلىرىنى ئايرىم يەتكۈزۈپ بەردى» دېدى قەشقەر شەرقىي يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىدىن تۆۋەنگە چۈشكەن كادىر چېن چيەنچى.

چېن لۇ مۇنداق دېدى: ھەر كۈنى كەچتە خىزمەتنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، پىدائىيلار بىرلىكتە شۇ كۈنى يولۇققان قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرىمىز، كۆپچىلىك بىرلىكتە ئامال ئويلاپ، ئۆزئارا مەدەت بېرىمىز.

«مەن پەقەت پۈتۈن شەھەردىكى نۇرغۇن پىدائىينىڭ بىرى، بىر ئادەمنىڭ نۇرى ۋە ھارارىتى گەرچە ئاجىز بولسىمۇ، ئەمما مۇجەسسەملەنسە يىمىرىلمەس كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىچە بۇ خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرىمەن!» دېدى چېن لۇ.

---

## ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىسمەن رايون، ناھىيەلەرنىڭ يۇقۇم خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى تەڭشەلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى تەتقىق قىلىپ مۇنداق قارار قىلدى: 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن باشلاپ، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى، سايباغ رايونىنىڭ يۇقۇم خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى يۇقىرى خەۋپ ـ خەتەردىن تۆۋەن خەۋپ ـ خەتەرگە تەڭشەلدى؛ ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى (يېڭىشەھەر رايونى)، شىمگو رايونىنىڭ يۇقۇم خەۋپ ـ خەتەر دەرىجىسى ئوتتۇراھال خەۋپ ـ خەتەردىن تۆۋەن خەۋپ ـ خەتەرگە تەڭشەلدى. تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇشى كېرەك.